بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 12- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُغَشِّيكُمُ النُّعَاسَ أَمَنَةً مِنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً لِيُطَهِّرَكُمْ بِهِ وَيُذْهِبَ عَنْكُمْ رِجْزَ الشَّيْطَانِ وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الْأَقْدَامَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا الله تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدەمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى» (سۈرە ئەنفال 11- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئىبنى كەسىر رحمه الله بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: [الله تعالى بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرگە دۈشمەننىڭ كۆپلۈكى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىدىن پەيدا بولغان قورقۇنچنى ئەمىنلىككە ئايلاندۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مۈگدەش نېئمىتىنى ئاتا قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. الله ئۇلارغا ئۇھۇدتىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. مەسىلەن، الله ئۇھۇد ئۇرۇشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «غەمدىن كېيىن الله سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى <كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ> دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)» (سۈرە ئال ئىمران 154- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)].

ئەبۇ تەلھە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد كۈنى مۈگدەك باسقانلاردىن ئىدىم، قىلىچ قولۇمدىن نەچچە رەت چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مەن ساھابىلارغا قارىسام ئۇلار قالقانلارنىڭ ئاستىدا مۈگدەكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن دەلدەڭشىپ يۈرەتتى».

بۇ ھەقتە ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بەدر كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدا مىقدادتىن باشقا ئاتلىق كىشى قالمىغان ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا ھەممەيلەننىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ ﷺ دەرەخ ئاستىدا ناماز ئوقۇپ يىغلىغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزدى».

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «سۇنىڭ (يەنى يامغۇرنىڭ) ۋەقەلىكىگە كەلسەك، ئۇ جەڭدىن ئازراق ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ — الله نىڭ مۆئمىنلەر گۇرۇھىغا بەرگەن ياردەملىرىدىن بىرى ئىدى».

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «جەڭدىكى مۈگدەك بولسا الله تەرەپتىن بولغان خاتىرجەملىكتۇر، نامازدىكى مۈگدەك بولسا شەيتان تەرەپتىندۇر».

قەتادە رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «مۈگدەش كاللىدا بولىدۇ، ئۇيقۇ قەلبتە».

ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد كۈنى ساھابىلەرنىڭ مۈگدەپ قالغانلىقى ئىنتايىن مەشھۇر بىر ۋەقەدۇر ئەمما بۇ ئايەتتىكى مۈگدەش بولسا بەدر كۈنىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ مۆئمىنلەر ئۈچۈن خۇددى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان ئىدى چۈنكى ئۇرۇش قىيىنچىلىقى ئېغىرلاشقاندا مۆئمىنلەرنىڭ قەلبلىرى الله نىڭ نۇسرىتىگە خاتىرجەم بولۇشىغا بۇ ئىش سەۋەبچى بولاتتى. مانا بۇ الله نىڭ مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلغان پەزلى، رەھمىتى ۋە نېئمىتىدۇر شۇڭا الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [5]. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [6]> (سۈرە ئىنشىراھ 5-، 6- ئايەتلەر)».

«الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى» دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بەدر ئۇرۇشىنىڭ ھارپا كېچىسى بىز يامغۇردا قېلىپ دەرەخلەر ۋە قالقانلارنى دالدا قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ رەببىگە: <ئى الله! ئەگەر مۇشۇ گۇرۇھ ھالاك بولۇپ قالسا زېمىندا ئىبادەت قىلىنمايسەن> دەپ دۇئا قىلغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇ: <ئى الله نىڭ بەندىلىرى! نامازغا كېلىڭلار> دەپ نىدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دەرەخ، قالقانلار ئاستىدىن چىقىشقا باشلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ جەڭگە قىزىقتۇردى».

«پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — كىچىك ياكى چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن پاكلاش ئۈچۈن دېگەنلىكتۇر.

«سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن» دېگەنلىك — «دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەتلىك بولۇش ۋە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت ئىچكى شجائەت بىلەن مۇستەھكەم قىلىش» دېگەنلىكتۇر.

«قەدىمىڭلارنىڭ مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن» دېگەنلىك — تاشقى شجائەتنى كۆرسىتىدۇ.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### سەلەف سالىھ (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە) ئەقىدىسىنىڭ ئۇسۇل (يەنى يىلتىز)لىرى

ھەقىقەتەن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە (يەنى سەلەف سالىھنىڭ مەنھەجى ئۈستىدە ماڭغۇچىلار) ئېتىقادتا، ئەمەلدە ۋە مەسىلەكتە ئۆزگەرمەس، ئوچۇق - ئاشكارا بولغان قائىدە - پرىنسىپلار ئۈستىدە ماڭىدۇ. بۇ قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ كېلىش مەنبەسى — الله نىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇتەۋاتىر (يالغانچىلىققا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان زور ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان) ياكى ئاھاد (مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن) بولغان ھەر قانداق سەھىھ سۈننىتىدۇر.

ۋە يەنە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە — مۇشۇ ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرى بولغان ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ؛ ئۇلارغا راستچىللىق، ئىخلاس ۋە ئېھسان بىلەن ئەگەشكەنلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ماڭىدۇ. ئۇلار ئىككى ۋەھيىنىڭ (يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ) تېكىستلىرىگە باش ئېگىدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى جەملەيدۇ، مۇتەشابىھنى (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان لەۋزىلەرنى) مۇھكەم ئارقىلىق (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولغان لەۋزىلەر ئارقىلىق) چۈشىنىدۇ. ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسكە يۈكسەك ئۇلۇغلاش بىلەن باش ئېگىدۇ. ئۇ ئىككىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. گۇرۇھلارغا، پىرقىلەرگە بۆلۈنمەيدۇ بەلكى ئۇلار الله نىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىغا ئېسىلىدۇ. ئۇلار كەمتۈك ئەقىللەر، لۇغەتتىكى ئېھتىماللىقلار، باتىل قىياسلار، پەلسەپە، كەشىف① ۋە زەۋق② قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئىككى ۋەھيىگە قارشى يول تۇتمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ دىننىڭ ئاساسلىرىنى (يەنى قائىدە - پرىنسىپلىرىنى) كەسكىن، كۆپايە قىلغۇدەك، تولۇق ھالەتتە بايان قىلىپ بەرگەن شۇڭا ھېچكىمنىڭ بۇ دىندا بىرەر نەرسىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىش، ئۇنى مۇشۇ دىننىڭ قاتارىدىن دەپ دەۋا قىلىش ھەققى يوق. مۇشۇ سەۋەبلىك ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بۇ دىننىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىغا مۇستەھكەم ئېسىلدى ۋە بىدئەت لەفزىلەردىن يىراق تۇردى، شەرئىي لەفزىلەرنى لازىم تۇتتى. شۇڭا ئۇلار سەلەف سالىھنىڭ تەبىئىي ۋە ھەقىقىي كېڭەيتىلمىسى بولۇپ كەلدى.

### بىرىنچى ئاساس (يەنى قائىدە - پرىنسىپ): ئىمان ۋە ئۇنىڭ رۇكۇنلىرى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدە بۇ دىننىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىنىدۇ:

ھەقىقەتەن سەلەف سالىھنىڭ ئىماننى چۈشەندۈرۈشتىكى ئەقىدىسى — جەزمىي تەستىقلاش، تولۇق ئېتىراپ قىلىش، الله تعالى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كامىل ئىقرار قىلىش، الله تعالى غا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە بويسۇنۇش قاتارلىق ئىشلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ.

دېمەك، ئىمان دېگەن — قەلبنىڭ تەستىقلىشى، قەلبنىڭ ۋە بەدەننىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىقاد دېگەنلىكتۇر. ئىمان دېگەنلىك دىننى پۈتۈنلەي بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەلەف سالىھ (يەنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ ئىماننىڭ ئاساسلىرى (قائىدە - پرىنسىپلىرى) ھەققىدىكى ئېتىقادى — جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىمان ھەققىدە (يەنى ئىمان كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە) سورىغان چاغدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىمان دېگەن — الله قا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە (يەنى تەقدىرنىڭ ياخشى - يامىنىغا) ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان) دەپ جاۋاب بەرگىنى بويىچە ئىماننىڭ ئالتە رۇكنىلىرىنى تەستىقلاش ئىچىدە ئىخچاملىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئالتە رۇكۇن بىر پۈتۈن بولۇپ ئاجرالمايدۇ شۇڭا بەندە بۇ ئالتە رۇكۇننى بىر پۈتۈن ھالەتتە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرگەن بولمايدۇ. يەنە ئۇ ئالتە رۇكۇندىن بىرەر رۇكۇننى ئەمەلگە ئاشۇرماي، قالغان رۇكۇنلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھالەتتىمۇ ئىمان كەلتۈرگەن بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قالغان رۇكۇنلارغا بولغان ئىمانىمۇ قوبۇل بولمايدۇ چۈنكى ئىمان پەقەت ئۆزىنىڭ تولۇق بولغان رۇكۇنلىرى بىلەنلا بارلىققا كېلىدۇ، خۇددى بىنامۇ ئۆزىنىڭ تولۇق بولغان ئاساسىي قۇرۇلمىلىرى بىلەن بارلىققا كەلگەندەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان - قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىل بولغان سەھىھ ئۆلچەم بويىچە ئالتە ئىماننىڭ ھەممىنى بىرلىكتە ۋۇجۇتقا چىقىرىش بىلەنلا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

ئىزاھات: ① كەشف — سوپىلارنىڭ يېڭى «ئىبادەت»لەرنى پەيدا قىلىشتا ئۆلچەم قىلىۋالغان «چۈشىدە كۆرۈپ بايقاش» دېگەنلىكتۇر.

② زەۋق — سوپىلارنىڭ يېڭى «ئىبادەت»لەرنى پەيدا قىلىشتا ئۆلچەم قىلىۋالغان «لەززەت ھېس قىلىش» دېگەنلىكتۇر.

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن عبادة بن الصامت رضي الله عنه عن رسول الله ﷺ قال: «فِي الجَنَّةِ مِائَةُ دَرَجَةٍ مَا بَيْنَ كُلِّ دَرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ وَالْفِرْدَوْسُ أَعْلَاهَا دَرَجَةً وَمِنْهَا تُفَجَّرُ أَنْهَارُ الجَنَّةِ الأَرْبَعَةُ وَمِنْ فَوْقِهَا يَكُونُ العَرْشُ فَإِذَا سَأَلْتُمُ اللَّهَ فَسَلُوهُ الفِرْدَوْسَ» (ش حم ت ك).

ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق خۇددى ئاسمان - زېمىن ئارىسىدەك چوڭدۇر. فىردەۋس جەننىتى دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئەۋزەلدۇر. جەننەتنىڭ تۆت ئۆستەڭلىرى ئاشۇ فىردەۋستىن ئېقىپ چىقىدۇ، رەھمان تائالانىڭ ئەرشىمۇ شۇ جەننەتنىڭ ئۈستىدىدۇر، الله تعالى دىن سورىساڭلار فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار» (ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان. سەھىھ).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان فىردەۋس جەننىتىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۆت ئۆستەڭنى الله تبارك وتعالى مانا بۇ ئايەت ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ» (سۈرە مۇھەممەد 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەلبانىنىڭ «سەھىھ جامىئىي سەغىر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «<جەننەتتە 100 دەرىجە بار> دېگەن سۆزدىكى <يۈز> دېگەندىن مەقسەت كۆپلۈكنى بىلدۈرۈش بولۇپ، پەقەت <يۈز> دېگەن سان بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس».

«ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق خۇددى ئاسمان - زېمىن ئارىسىدەك چوڭدۇر» دېگەن بۇ جۈملىدىكى سېلىشتۇرۇش ھېسسىي بولۇشىمۇ دۇرۇس، مەنىۋىي بولۇشىمۇ دۇرۇس. يەنى بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ھېسسىي جەھەتتە ئىنتايىن ئۇزۇن دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

«ھېسسىي دەرىجە» دېگەندىكى مەقسەت — دەرىجە ئۆرلىگەنسېرى كىشى ئەرشكە يېقىنلىشىدۇ دېگەنلىكتۇر.

مەنىۋىي جەھەتتە بولسا «دەرىجە ئۆرلىدى» دېگەنلىك — الله نىڭ نەزىرىدە ئۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۈستۈن دېگەنلىكتۇر.

(ئاخىرى 2- بەتتە)








(بېشى ئالدىنقى ساندا)

قان بوغقۇچ بىلەن قان توختىتىشقا ئىمكان بولمايدىغان قول-پۇتتىن باشقا جايلاردىكى يارىلاردىن تېڭىق تېڭىلىپ، قان تومۇرلار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ قان توختىمىسا، قان تومۇرلارنى تەگ سۆڭەككە قايتىدىن قىسىمىز ھەمدە يارىلانغان ئەزانى يۈرەكتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇقىملاشتۇرۇپ، يارا ئۈستىدىكى تېڭىقنىڭ سىرتىغا نورمال بىر نەرسە (بەك قاتتىقمۇ ئەمەس، ھەددىدىن تاشقىرى يۇمشاقمۇ ئەمەس) قويۇپ تۇرۇپ، 10 مىنۇتقىچە بېسىپ تۇرىمىز.



ئاندىن كېيىن قىسىپ تۇرغان قان تومۇرنى يەنە ئاستا - ئاستا قويۇۋېتىمىز. قان يەنە ئېقىشقا باشلىسا باشلىسا تومۇرنى قايتىدىن تەگ سۆڭەككە قىسىپ، تېڭىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىمىز (بۇنى كېيىن تونۇشتۇرىمىز).

ئەگەر بۇ تېببى ياردەم جەريانىدا تېرىنىڭ رەڭگى پەرقلىق ئۆزگىرىپ كەتسە، بارماق ۋە تىرناقلار كۆكەرسە، قىسقان تومۇرنى ئاستا- ئاستا بەك ئېھتىيات بىلەن قويۇۋېتىمىز. قان بوغقۇچنى ئاۋۋالقى مەزمۇنلاردا سۆزلەنگەن تەرتىپ بويىچە بوشىتىمىز. تېڭىقنى قايتىدىن بوشىتىپ تاڭىمىز ياكى بۇلارنى ئارىلاش قوللىنىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك قان يەنە ئېقىشقا باشلىسا، يارىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ تومۇرلارنى تەگ سۆڭەككە قىسىپ تۇرۇپ، تېڭىقنى ئاستا بوشىتىپ يارا يۈزىدىكى جىلاتىن بۇلۇتنى (يارىنى ئاۋۋال تاڭغاندا بىر نەچچە قات قىلىپ قاتلاپ تەييارلانغان تېببى يارا ياپقۇچتىن جىلاتىن بۇلۇتى كۆپ ئۈنۈملۈك، ئىمكان بولسا شۇنى ئىشلەتسەك ياخشى) ياكى يارا ياپقۇچنىڭ ئۈستىگە، ئۈدۈر-بۇدۇر قىلماي تۇرۇلگەن، ياكى تۈگۈلگەن تېببى داكا، ياكى پاكىز رەڭسىز پاختا رەخت ۋەياكى ئىچىگە پاختا ئورالغان ئاشۇنداق داكا، پاختا رەختلەرنى باستۇرما قىلىپ يارىنى قايتىدىن تاڭىمىز.

(2) ئەگەر يارا ئورنى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئويۇلۇپ كەتكەن بولسا، مۇۋاپىق تازىلاشتىن كېيىنلا:

① جېلاتىن بۇلۇتى توغرامچىسىنى پاتۇرىمىز (يېتەرلىك قىلىپ).

② ئەگەر ئۇ بولمىسا ئاۋۋالقى مەزمۇندا ئېيتىپ ئۆتكەن باستۇرمىنى پاتۇرىمىز (بۇ ۋاقىتتا يۆگەم ئىچىدىكى پاختا قەتئىي سىرتىغا چىقىپ قالماسلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن يارا يۈزىگە بىۋاستە تەگمەسلىكى كېرەك. بولمىسا كېيىنكى داۋالاش جەريانىدا يارىغا چاپلاشقان پاختا كۆپ مۇشكۇلات پەيدا قىلىدۇ).

③ ئاندىن كېيىن يارىنى ئاۋۋالقى مەزمۇندا ئېيتىلغاندەك قىلىپ تاڭىمىز.

④ ناۋادا يارا بەكرەك يامان بولسا، پاتۇرما ئۈستىگە باستۇرما قويۇپ (ئاۋۋال بايان قىلىنغاندەك) تېڭىقنى چىڭراق تاڭىمىز.

⑤ يارىلانغان ئەزانى يۈرەكتىن ئېگىزرەك قىلىپ مۇقىملاشتۇرىمىز.

⑥ قان توختاپ بولغۇچە تېڭىق ئۈستىدىن ئاز مۇددەت نورمال نەرسە قويۇپ بېسىپ تۇرىمىز.

ئەگەر بۇ تېببى ياردەم جەريانىدا تېرىنىڭ رەڭگى پەرقلىق ئۆزگىرىپ كەتسە، بارماق-تىرناقلار كۆكەرسە؛ قىسقان تومۇر، قان بوغقۇچ ۋە تېڭىقلارنى بوشىتىپ يەنە قايتىدىن ئەسلىگە قايتۇرىمىز.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته




■ 10- ئاينىڭ 27- كۈنى سومالىنىڭ تېيقۇلۇ شەھرىدە 15 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى قورال - ياراقلىرى بىلەن مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 10- ئاينىڭ 28- كۈنى 300 مىڭ مۇسۇلمان خەلق مۇھاسىرىدە قالغان ھەلەب شەھىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلاش جېڭى باشلانغان بولۇپ، بۇ جەڭگە جامائىتىمىز تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ۋە جەيشىل فەتھ بىرلەشمە قوشۇنى قاتناشقان. جەڭ باشلىنىپ ھازىرغىچە مىنيان يېزىسى، يەشىك زاۋۇتى، داھىيەل ئەسەد قاتارلىق بىر قانچە رايونلار فەتھ بولغان. گېنېرال ۋە ئەسكەرلەردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق شەبىھە كاپىرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن. 2 دانە تانكا، 2 دانە BMP، دانە ئەسكىرى ماشىنا ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 10- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى مارجاھ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 40 نەپەر ئەسكىرى قورال - ياراقلىرى بىلەن مۇجاھىدلار سېپىغا قېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 10- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندىھار ۋىلايىتى غورىق رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە الله نىڭ ياردىمى بىلەن 2 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە 2 ئورۇندىكى ئەسكىرىي مەركەزنى فەتھ قىلغان. 55 كە يېقىن ئەسكەرلەر ئۆلگەن. نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 30- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل ئەكراد رايونىدا رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى جىرمىسىر رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە تانكىسىنى پاچاقلىۋەتكەن، نەتىجىدە 9 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزگان ۋىلايىتى تىرىنكوت شەھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىنى ئۇرۇش قىلماي فەتھ قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى — مۇجاھىدلار ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئەسكىرىي بازىنىڭ مەسئۇللىرىغا دەۋەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل ئېلىپ بارغان دەۋەتنىڭ تەسىرىدە بۇ ئەسكىرىي بازىنىڭ قوماندانى 43 نەپەر ئەسكىرى بىلەن بىللە مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى شەھىرى قۇندۇز ئەتراپىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 13 نەپەر ساقچى ۋە ئەسكەرلەر مۇجاھىدلار سېپىغا قېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 11- ئاينىڭ 2- كۈنى ئامېرىكا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى بىزقىندىھارى رايونىدا 3 نەپەر مۇجاھىدنى تۇتۇش باھانىسىدە خەلقلەرگە تاجاۋۇز قىلغان بولۇپ، مۇجاھىدلار بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جاۋاب قايتۇرغان، نەتىجىدە 15 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان تاغۇتلار يەنە خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، 50 كە يېقىن ئۆي ۋەيران بولغان ۋە چوڭ - كىچىك بولۇپ 60 قا يېقىن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 3- كۈنى يەمەن مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ھەزرىمەۋت ۋىلايىتىنىڭ مۇكۇلا شەھرىدە مۇرتەد ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 8 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، 8 نەپىرى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى سۈرىيە مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدىكى خاناسىر تاشيولىدا تاغۇت ئارمىيىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 دىن ئارتۇق تاغۇت ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، قالغانلىرى شەرمەندىلەرچە قاچقان. 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى ھىندونېزىيىنىڭ پايتەختى جاكارتادا بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان خەلق يىغىلىپ نامايىش ئۆتكۈزگەن. بۇنىڭ سەۋەبى — جاكارتانىڭ خىتاي ھاكىمى ئاخۇك ئىسلام دىنى ۋە قۇرئاننى مەسخىرە قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا چىدىمىغان مۇسۇلمان خەلق بۇ خىتاينى ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىش توغرىسىدا ساقچىلارغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 11- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزگان ۋىلايىتى تەشھۇرا رايونىدىكى بىر ئەسكىرىي بازىنى فەتھ قىلغان. مەزكۇر ئەسكىرىي بازا بولسا تەشھۇرا رايونىدىكى مۇرتەدلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بازىسى بولۇپ، ھازىر بۇ رايون پۈتۈنلەي مۇجاھىدلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرماقتا.

■ 11- ئاينىڭ 5- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 17 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان، 30 دىن ئارتۇقى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ بانامباھ شەھىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەچچە سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش داۋامىدا مۇرتەد ئارمىيە بۇ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. كېيىن مۇجاھىدلار مەزكۇر شەھەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان ۋە بۇ شەھەرنىڭ تۈرمىلىرىدىكى ئەسىرلەرنى قۇتقۇزغان. كۆپلىگەن مىقداردا قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە باشقا تۈردىكى نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ شەھەردىن چېكىنىپ چىققان.

■ 11- ئاينىڭ 9- كۈنى پاكىستان مۇجاھىدلىرى شىمالىي ۋەزىرىستاننىڭ سېپىنۋان رايونىدا پاكىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر پاكىستان ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| صَنَعَةٌ | ھۈنەرۋەنلەر | اِخْوَةُ أُوْلَئِكَ التُّجَّارِ صَنَعَةٌ | ئاۋۇ سودىگەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرى ھۈنەرۋەن |
| مَاهِرٌ | ئۇستا | صَدِيْقُ هَذَا الصَّانِعِ مَاهِرٌ | بۇ ھۈنەرۋەننىڭ دوستى ماھىر |
| مَهَرَةٌ | ئۇستىلار | اَصْدِقَاؤُ هَؤُلَاءِ الصَّنَعَةِ مَهَرَةٌ | بۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دوستلىرى ماھىر |
| صَالِحٌ | سالىھ (ياخشى كىشى) | هَذَا الْعَالِمُ صَالِحٌ | بۇ ئالىم ياخشى كىشى |
| صُلَحَاءُ | سالىھلار | هَذِهِ الْمَرْأَةُ صَالِحَةٌ | بۇ ئايال سالىھ |
| فَاسِقٌ | پاسىق (ناچار كىشى) | ذَاكَ الْجَاهِلُ فَاسِقٌ | ئاۋۇ بىلىمسىز — پاسىق |
| فَسَقَةٌ | پاسىقلار | اَبْنَاؤُ اُولَئِك الرِّجَالِ فَسَقَةٌ | ئاۋۇ كىشىلەرنىڭ ئوغۇللىرى پاسىق |
| سَخِيٌّ | سېخى (قولى كەڭ) | هَذَا الإِنْسَانُ سَخِيٌّ | بۇ كىشى سېخى |
| اَسْخِيَاءُ | سېخىيلار | هَؤُلاءِ النَّاسُ اَسْخِيَاءُ | بۇ كىشىلەر سېخى |
| بَخِيْلٌ | پىخسىق، بېخىل | ذَاكَ الْغَنِيُّ بَخِيْلٌ | ئاۋۇ باي پىخسىق |
| بُخَلَاءُ | پىخسىقلار | اُولَئِكَ الاَغْنِيَاءُ بُخَلَاءُ | ئاۋۇ بايلار پىخسىق |
| عَادِلٌ | ئادىل | زَوْجُ هَذِهِ الْمَرْأَةِ عَادِلٌ | بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئادىل |

(بېشى 1- بەتتە)

«فىردەۋس جەننەتنى دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر» دېگىنى — ماكان جەھەتتىكى تۆۋەنلىك ۋە نۇقساندىن ئەڭ يىراق دېگەنلىكتۇر.

«الله تعالى دىن سورىساڭلار فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار» دېگەننىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىبنى قەييىم رحمه الله مۇنداق دېگەن: «فىردەۋس جەننىتىنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر جەننەت بولماستىن پەقەت ئەرشىلا بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا جەننەتلەرگە قارىغاندا فىردەۋس جەننىتى ئەرشكە ئەڭ يېقىندۇر شۇنداقلا ئەرش فىردەۋس جەننىتىنىڭ ئۆگزىسىدۇر. خۇددى دوزاخنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى بولغاندەك جەننەتنىڭمۇ يۇقىرى دەرىجىلىرى بار».

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## كەپە (قوماندانلىق مەركىزى) بىنا قىلىشتىن بولغان بىر نەچچە ساۋاتلار

1) قوماندانلىق مەركىزىنىڭ ئورنى — قوماندان جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان ئېگىز ئورۇن بولۇشى زۆرۈر.

2) قوماندانلىق ئورنى بىخەتەر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يېتەرلىك مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن قوغدىلىشى زۆرۈر.

3) قوماندانىنىڭ ھاياتىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر.

4) قوماندانىنىڭ قېشىدا جەڭدە كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان زاپاس كۈچ بولۇشى زۆرۈر («غزوات الرسول»دىن ئېلىندى).

## جەڭ ئالدىدا الله نىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئىنئاملىرى

الله تعالى بەدىر كۈنىدە مۇئمىنلەرگە دۈشمەنلىرى بىلەن تۇتۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۇيقۇ بىلەن يامغۇرنى ئىنئام قىلىپ چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ ھەقتە الله تعالى سۈرە ئەنفال 11- ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا الله تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى» («غزوات الرسول»دىن ئېلىندى).

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ جەڭدىكى تاكتىكىسى

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدردە مۇشرىكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا جەڭچىلىرىنى سەپكە تىزىش ئارقىلىق مۇنتىزىم مەيدان جېڭى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار پارتىزانلىق ئۇرۇش باسقۇچىدىن دۆلەت قۇرۇشنىڭ ياكى ئۇنى قوغداشنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان مۇنتىزىم ئۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتتى.

بۇ ئۇسلۇبنى الله تعالى ئۆزىنىڭ كىتابىدا تىلغا ئالغان: «شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ» (سۈرە سەپ 4- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنلارنى سەپكە تىزىپ جەڭگە تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن جەڭ مەيدانىنى ئايلانغاچ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ: «بۇ الله خالىسا ئەتە پالانىنىڭ يىقىلىدىغان ئورنى، ئاۋۇ پالانىنىڭ يىقىلىدىغان ئورنى» دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ يەردىكى خورما دەرىخىنىڭ كەينىدە كېچىچە ناماز ئوقۇپ چىقتى. مۇسۇلمانلار كېچىنى تىنچ، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم، قەلبلىرى ئىشەنچكە تولغان، رەببىنىڭ خۇش بىشارەتلىرىنى ئەتىسى كۆزى بىلەن كۆرۈشنى كۈتكەن ھالدا خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. بۇ كېچە ھىجرىيىنىڭ 2- يىلى رامىزاننىڭ 17- كۈنى جۈمە كېچىسى ئىدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى
# بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

## ئانار (رُمَّانٌ)

الله تعالى مۇنداق دېگەن: «ئۇ يەردە مېۋىلەر، خورما ۋە ئانارلار بار» (سۈرە رەھمان 68- ئايەت).

«دۇنيادىكى ھەر قانداق ئانار جەننەتتىكى ئاناردىن چاڭلاشقان» دېگەن ھەدىس ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه دىن ئىككى خىل نەقىل كەلگەن بولۇپ، بىر نەقىلدە بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان، يەنە بىر نەقىلدە بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇنى ئېھتىمال ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه دېگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئانار يېسەڭلار ئانارنى ئىچ پوستى بىلەن يەڭلار، ئۇ ئاشقازاننى تازىلايدۇ».

تاتلىق ئانار ھۆل ئىسسىق، ئاشقازانغا مۇۋاپىق، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدۇ چۈنكى ئۇنىڭدا يېنىك تېپتىكى قەۋزىيەت بار.

ئانار — گال، كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە مەنپەئەتلىك، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. ئانار سۈيى قورساقنى بوشىتىدۇ. بەدەنگە يەڭگىل، ئېسىل يېمەكلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ نازۇكلىقى ۋە يۇمرانلىقىدىن بەدەنگە تارىلىشى تېزدۇر. ئاشقازاندا ئازغىنە ھارارەت ۋە يەل پەيدا قىلىدۇ. تەپ بولغان كىشىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا ئاجايىپ خۇسۇسىيەت بولۇپ، نان بىلەن يېيىسە ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشىنى چەكلەيدۇ.

ئاچچىق ئانار قۇرۇق سوغۇق، ئازغىنە قەۋزىيەت بار. ياللۇغلانغان ئاشقازانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باشقا ئانارلارغا قارىغاندا ئاچچىق ئانار سۈيىدۈكنى ياخشى راۋانلاشتۇرىدۇ. سەپرانى، يۆتەلنى توختىتىدۇ. سەپرادىن بولغان يۈرەك سېلىشقا، يۈرەك ۋە ئاشقازان ئېغىزىدىكى ئاغرىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ قەي قىلىشنى چەكلەيدۇ، ئارتۇق نەرسىلەرنى يۇمشىتىدۇ. جىگەرنىڭ ھارارىتىنى ئۆچۈرۈپ، بارلىق ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ؛ ئاشقازاندىكى ئارتۇق نەرسىلەرنى يوقىتىپ سەپرا ۋە قاننىڭ ئاچچىقىنى ئۆچۈرىدۇ.

ئاچچىق ئانارنىڭ دانىسى، ئىچى ۋە پوستى قوشۇلۇپ سىقىلىپ، سۈيىگە ئازراق ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم شەكلىگە ئەكېلىپ كۆزگە سۈرمە تارتسا، كۆزنىڭ سېرىقىنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇنى يامان خاراكتېرلىك ھۆللۈكتىن پاكىزلايدۇ. ئۇ مەلھەم چىش مىلىكىگە سۈرۈلسە، قۇرت يەپ كەتكەنگە پايدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاچچىق ئانار سۈيىنى ئىچىپ بەرسە قورساقنى راۋان قىلىدۇ. چىرىپ كەتكەن ئاچچىق ھۆللۈكنى ھەيدەيدۇ ھەمدە بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن تۇتىدىغان تەپ كېسەللىگىمۇ شىپا بولىدۇ.

چۈچۈمەل ئانار بولسا ئاچچىق ئانار ۋە تاتلىق ئانار ئارىلىقىدا. مەيلى مىزاج جەھەتتىن، مەيلى خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ. ئاچچىق تەرەپكە ئازراق مايىل.

ئانار دانىسىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ سەينەك ياكى يامان خاراكتېرلىك جاراھەتكە سۈرسە قومۇرۇپ تاشلايدۇ. ھەتتا بەزىلەر شۇنداق دەيدۇ: «ئانار دانىسىدىن ئۈچ تال يۇتۇۋالسا يىل بويى كۆز ئاغرىقى تارتمايدۇ».




## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەربىيىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قىسقا سۈرىلەرنى يادلاپ، پەيغەمبەر ﷺ گە ئوقۇپ بېرەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه بايان قىلىپ: «12 ياش ۋاقتىمدا قىسقا سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنى يادلاپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئوقۇپ بەرگەنىدىم» دەيدۇ (تەبرانى: «ئەلمەجمۇئۇل كەبىر» 10/289).

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن باللار ۋە ياشلارغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭغىمۇ تەۋسىيەلەرنى قىلىپ تۇراتتى ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغانىدىم، يولدا ماڭا:

— ئوغلۇم! ساڭا بەزى سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇلارنى يادلىۋال ۋە قەتئىي ئېسىڭدىن چىقارما: الله نىڭ ھەققىنى قوغدىساڭ، الله مۇ سېنىڭ ھەققىڭنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغىنىڭدا يېنىڭدا بولىدۇ. راھەت چېغىڭدا الله نى ياد ئەتسەڭ، قىيىنچىلىقتا قالغان چېغىڭدا الله مۇ سېنى ياد ئېتىدۇ. ياردەمگە مۇھتاج بولساڭ، الله تىن ياردەم تىلە! شۇنى ياخشى بىلگىنكى، بارلىق ئىنسانلار ساڭا ياردەم قىلىشنى خالىسىمۇ، الله خالىمىسا ساڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ. الله تەرەپتىن كەلگەن مۇسىبەتنى ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ياخشى بىلگىنكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەۋر - تاقەت ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىشتا كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بار. جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق. ھەربىر مۇشكۈللۈكتە بىر ئاسانلىق بار. ياخشى بىلگىنكى، بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەت ھەرگىزمۇ ساڭا خاتا كېلىپ قالمايدۇ، الله نىڭ يازغىنىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. قەلەملەر قۇرىدى، دەپتەرلەر يېپىلدى. سەن الله قا چىن مۇھەببىتىڭ بىلەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا ئىبادەت قىلغىن! — دېدى» («مۇسنەد»: 1/293؛ «تەبرانى»: 11/123؛ ئىبنى ئەسىر «ئۇسدۇلغابە»: 3035).




## شىئەلەرنىڭ ئەھلى سۈننىلەرگە تارىختىن بۇيان قىلغان خائىنلىقلىرى

شىئە ئىدىيىسى مىلادىيە 7- ئەسىردە پەيدا بولۇپ، 10- ئەسىردە جانلانغان. ئۇ ئىسلام ئەقىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئەھلى سۈننىگە خىيانەت قىلىش ۋە ئەھلى سۈننىنىڭ ئىلمىي ئورگانلىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئورتاق نىشانغا تەۋە تۈرلۈك ئېقىملارنى ئۆز سېپىگە قوشقان.

شىئە ئىدىيىسى تارىختا پاتىمىيە ۋە سەپەۋىيە دۆلەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇلار ئەھلى سۈننىگە بىدئەت ئىدىيىسىنى تېڭىش، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە قېنىنى تۆكۈش قاتارلىق تۈرلۈك ئازابلارنى سالغان.

شىئەلەرنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ خىيانىتىنىڭ ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ﷺ گە نىسبەت بېرىلىدىغان يالغان ھەدىسلەرنى كۆپلەپ پەيدا قىلغانلىقىدا شەك يوق. ئەگەر شىئەلەرنىڭ بۇ قىلمىشى مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولسا ئىسلامغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زەربە بېرىۋەتكەن بولاتتى چۈنكى ئۇ چاغدا توغرا بىلەن خاتا ئارىلىشىپ كېتىپ، كىشىلەر ئىلاھىي ۋەھيى بىلەن ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىنى پەرق ئېتەلمەيتتى، نەتىجىدە ئېتىقاد ۋە ئەمەلدە ئۇنىڭ خەتەرلىك تەسىرلىرى كېلىپ چىقاتتى.

الله تعالى ئىسلام ئۈممىتىنى قوغداپ ھەدىس-شەرىفنى يادلايدىغان ۋە ھەدىستىن يالغان سۆزلەرنى تازىلايدىغان ئالىملارنى ئاتا قىلدى.

مانا قارايدىغان بولساق، ئەھلى سۈننىگە تەۋە ئاجايىپ كاتتا ئالىملار يالغان-ساختا ھەدىس توقۇيدىغانلارنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىككى يۆنىلىشتە يول تۇتۇپ ماڭغان. بىرىنچىسى، نەزەرىيە يۆنىلىشى بولۇپ، ھەدىسلەرنىڭ يالغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدىغان قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت؛ ئىككىنچىسى، ئەمەلىي يۆنىلىش بولۇپ، يالغان ھەدىس توقۇش بىلەن تونۇلغان ئادەملەرنى پاش قىلىش ۋە كىشىلەرگە تونۇتۇۋېتىشتىن ئىبارەت.

بىر قىسىم مەجۇسىيلار شىئەلەر سېپىگە كىرىپ، شىئە ئىدىيىسىنى تۇتقا قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا قارشى سەپسەتە قاراشلىرىنى ۋە ئىسلامغا قارشى ئىدىيىلىرىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلىشاتتى. بۇلار مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىنى ياخشى كۆرگەنلىكنى پەردە قىلىۋالغان ئىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دېمىگەن گەپلەرنى توقۇپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، ئابدۇلكەرىم دېگەن شىئە بەسرە شەھىرىنىڭ ۋالىيسى مۇھەممەد سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن 4000 يالغان ھەدىس توقۇپ چىققانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى (ئىبنى جەۋزى: «ئويدۇرما ھەدىسلەر» 1- توم 37- بەت).

شىئەلەرنىڭ ئىپلاس پىلانلىرىنىڭ يەنە بىرى — ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالىنى سەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلامغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇق سۆز-چۆچەك ۋە يالغان خەۋەرلەرنى تارقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## پاتىمىيە دۆلىتىنىڭ ئەھلى سۈننىگە قىلغان خىيانىتى

تارىختا «پاتىمىيە» دەپ تونۇلغان شىئە دۆلىتى رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن بىللە ئىسلام قورۇلمىسىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە كۈچىنى مەركەزلەشتۈردى. بۇ دۆلەت مىلادىيە 926- يىلى ماراكەشتە ئۇبەيدۇللاھ مەھدىنىڭ قولى ئارقىلىق قۇرۇلغان. ماراكەشتىن تارتىپ شامغىچە بولغان ئىسلام دىيارلىرىدا جاسۇسلۇق قىلىپ، ئەندەلۇس

(ئاخىرى 3- بەتتە)





(بېشى 2- بەتتە)

(ئىسپانىيە)تىكى ئۇمەۋى دۆلىتى بىلەن قارشىلىشىپ ئۇلارنى فرانسۇزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئاۋارە قىلغان لېكىن ئۆزلىرى رىم ئىمپېرىيىسى ئارىلىقىدا سۈلھى ئورناتقان.

ئەلى شەمەرى دېگەن شىئە پاتىمىيە دۆلىتى بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى ئارىلىقىدا بىر قانچە قېتىم كېلىشىمنامىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ كېلىشىمنامىنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 987- يىلى يۈز بەرگەن. 1037- يىلى رىم ئىمپېراتورى، مىخائىل 4 دەۋرىدە پاتىمىيە دۆلىتىنىڭ رەئىسى مۇستەنسىر بىلەن بۇ كېلىشىمنامىنى قايتا يېڭىلىغان (ئەمىر سەئىد: «شىئەلەرنىڭ دۇنيادىكى خەرىتىسى» 59- بەت).

1098- يىلى پەلەستىنىنىڭ خرىستىئانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە شىئە پاتىمىيە دۆلىتىنىڭ شام دىيارىغا تەۋە ئىسلام مەملىكەتلىرىگە قارشى نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلىشى سەۋەب بولغان. پاتىمىيە شىئە دۆلىتى 100 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەھلى سۈننىلەرنى كۈچ ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ خېلى كۆپ زېمىنىدىكى خەرىتىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان.

مىسىر تارىخچىسى مەقرىزىنىڭ بايان قىلىشىچە، قاھىرەدىكى پاتىمىيە دۆلىتى (مىلادىيە 969- يىلى قۇرۇلغان) سالاھىدىن ئەييۇبى رحمه الله نىڭ بېسىمى كۈچەيگەندە پاتىمىيە شىئەلىرى سۈيىقەست قىلىپ فرانسۇزلارنى مىسىرغا چاقىرىپ مەكتۇپ يوللىغان، ئاندىن سالاھىدىن ئەييۇبى رحمه الله قا قارشى فرانسۇزلارغا قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلغان. ئەمەلىيەتتە فرانسۇزلار مىسىرغا كېلىپ 1169- يىلى دىمىيات شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان (مەقرىزى: «ئىش - ئىزلار» 2- توم 2- بەت). سالاھىدىن ئەييۇبى رحمه الله 1172- يىلى پاتىمىيە دۆلىتىگە خاتىمە بەرگەن.

## قەرامىتە شىئەلىرىنىڭ ئەھلى سۈننىگە قىلغان سۈيىقەستى

قەرامىتە شىئەلىرى (مىلادىيە 899- يىلى بەھرەيىندە دۆلەت قۇرغان) ئىسمائىلىيە مەزھىبىگە تەۋە سىياسىي ئېقىم بولۇپ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى چۈنكى ئابباسىيە دۆلىتى ئىسمائىلىيە شىئەلىرىنىڭ رادىكاللىقىغا دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئەھلى سۈننى دۆلىتى ئىدى.

بۇ سىياسىي شىئە ئېقىمى كۈچەيگەندە، كۆپلىگەن ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىنى ئۆلتۈرگەن، مەسجىدلەرنى خاراب قىلغان، قۇرئانلارنى كۆيدۈرگەن، ھاجىلارنى قىرىۋەتكەن.

ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدىر (م908—932)نىڭ دەۋرىدە قەرامىتىلەر باغدادقا يۈرۈش قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. بۇلارنىڭ رەھبىرى: «بىز دۆلەت تىكلىگىلى كەلمىدۇق بەلكى شەرىئەتنى يوقاتقىلى كەلدۇق» دېگەن (قازى ئابدۇلجاببار: «پەيغەمبەرلىك پاكىتلىرىنى ئىسپاتلاش» 2- توم 383- بەت).

قەرامىتە شىئەلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ بىرى — ئۇلار ھەرەمدە ھاجىلارغا ھۇجۇم قىلغان، ھەرەمنى بۇلىغان، ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئېھسا دېگەن شەھەرگە ئېلىپ قاچقان. ئۇلار ھەجەرۇلئەسۋەدنى مۇسۇلمانلارنى دۇنيانىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىدىن ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان «ماگنىت» دەپ ئويلاپ قالغان. مۇشۇ قېتىملىق رەزىل قىلمىشىدا مەككىلىك ئاياللاردىن 20 مىڭدەك ئايالنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان (ئىبنى ئەسىر: «مۇكەممەل تارىخ» 6- توم 203- بەت).

دېمەك، قەرامىتە شىئەلىرى مانا مۇشۇنداق قان ئۈستىدە بارلىققا كەلگەن. قىممەت-قاراش ۋە ئەخلاق بىلەن ئويناشقان، شەھەر-يېزىلارنى ۋەيران قىلغان. ياشانغانلارنى، ئاياللارنى ۋە كىچىكلەرنىمۇ ئۆلتۈرگەن، مۇقەددەس مەككىنىڭمۇ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغان. بۇ قەرامىتە شىئەلىرى بۈگۈنكى بەزى قانخور پەلسەپە ئېقىملىرىغا ئوخشاش مۇتلەق ئەركىنلىككە چاقىرىدۇ. «دىن ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنى، دىننى يوقىتىش لازىم» دەپ قارايدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



(14)

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

مۇلاھىزە: «بالاغا يولۇقساڭلار ئۇنى يوشۇرۇڭلار» دېگەندەك بۇ تېمىنى نەشىر قىلماسلىقنى قارار قىلغان ئىدىم لېكىن غەززەدىكى مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈممىتىدىن بولغان ئاجىز ئەر-ئاياللار، نارەسىدە بوۋاقلار ۋە ئاق ساقال ياشانغان بىچارە مۇسۇلمانلارنىڭ، مايمۇن ۋە چوشقا يەھۇدىيلارنىڭ بومبىلىرىدا تۆكۈلۈۋاتقان قانلىرىنى كۆرۈپ، «مەيداندىكى جەڭگە ھازىر تۇرغان بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئىرادىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قالسا شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ساۋابقا ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس» دەپ نەشىر قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.

ئاپتور: ئەبۇ دۇجانە ئەلخۇراسانى (الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئىستىشھادىيە ئەمەلىيىتى بەكمۇ چىرايلىق بولدى)

بىرەر نەرسە يېزىشقىمۇ قولۇم بارمايۋاتاتتى. زېرىكتىم... چارچىدىم... بۇ ساھەدىن بۇرۇنراق ئارام ئېلىشقا چىقىۋېلىشقا مەيلىم تارتىۋاتاتتى...

بىرەر ماقالە يازاي دەپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ھېلى ئۇ ماۋزۇدا ھېلى بۇ ماۋزۇدا بىر نەرسىلەرنى سىجىلاپ ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ بىر قۇر ياكى ئىككى قۇر يازا-يازمايلا گەپ-سۆزلىرىم پارچە-پۇرات بىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ، ھەتتا مەن خۇددى ھېسسىياتى گاچىلاشقان، پىكرى بۇلغىقى قورۇپ جان تالىشىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتىم.

ھەر بىر قۇر ماڭا ئېغىر يۈك بولۇپ قىلىۋاتاتتى... ھەر قېتىم كۆزۈمنى يۇمسام سۆزلەر قورشاۋىدا قالاتتىم. مانا بۇلار مەن كۆتۈرۈپ قوپالمايۋاتقان تۈيغۇ يۈكلىرىم ئىدى. سۆزلىرىم بىمەنە، قۇرۇق، ۋاقتى ئۆتۈپ كۆز ئالدىمدا جان تالىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى... يېنىمدىن ئۆتكەنلەر: «ئائىلە جەمەتى ئۆلۈپ تۈگەپمۇ يەنە ئېشىپ قالدى بىچارە بوۋاي!» دەپ شۇرلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نىمجان بوۋايدەك ئۆزۈمنى قېرىپ ھالسىرىغان كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. ئاتالانماي ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەر بىر كۈنۈم ياش ھاياتىمنىڭ، ساغلاملىقىمنىڭ ۋە ئىرادەمنىڭ بىر قىسمىنى ئوغرىلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان رىئاللىقىم ۋە شېرىن خىياللىرىم ئارىسىدىكى بوشلۇق كېڭىيىۋاتاتتى. ھەر بىر مەدھىيىلەر مەرسىيىگە، قەلبىمدىكى جىھادقا يالقۇنجاۋاتقان مۇھەببەت ئوتى كۈلگە ئايلىنىۋاتاتتى.

ئى جىھادقا قوزغىتىپ قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلار، جىھاد توغرىسىدا يېزىۋاتقانلار! مەن چۈشكەن بۇ پاتقاققا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم بىرەر كىشى مېنىڭ سۆزلىرىم سەۋەبىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئاخىرىدا شەھىدلىك تاپسا



# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر

ئەمما مەن شۇ ھالدا كۆرپەمدە ئۆلسەم، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھە!؟

مانابۇ—نىرۋىلىرىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مېنى تەرگە چۈمدۈرىدىغان قورقۇنچلۇق چۈش ئىدى. مەن قىيامەت كۈنى مۇجاھىدلار جەننەت نېمەتلىرى ئىچىدە مۇقىملىشىپ بولغاندىمۇ، بىر-بىرلەپ سورىلىدىغان گۇناھ تاغلىرى ئالدىدا سوراق ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ، چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قېلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم...

ئەگەر ئاشۇ مۇجاھىدلارنىڭ بىرى: «ھېلىقى جىھادقا قوزغايدىغان ئەبۇ دۇجانە خۇراسانى ئىسىملىك بىرى بارئىدى، كۆردۈڭلارمۇ؟» دېسە، يەنە بىرى: «ۋاي، ئۇ ئۆزى جىھادقا ئاتلانماي خار ئۆلگەن. سۆزلىرىدىن ئۆزى پايدا ئالالمىغان كاشكى! باشقىلارغا نۇر بېرىپ ئۆزى كۆيگەن پىلىك بولدىغۇ ئۇ» دېسە... مانا بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇرۇمدىن كەچۈرىدىغان بولسام، ساغلاملىقىمدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمگە قانچىلىك دوق قىلىمەن-ھە!... ھەي! مەن تۆگە ئۆلگەندەك سىپسىق كۆرپەمدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ-ھە!... ياق! ئەزىرايى خۇدا مەن بۇنىڭغا چىدىيالمايمەن.

ئاھ! مەن دۈشمىنىمنىڭ ئوقىدا ئۆلمەي قىيامەتتە رەسۋاچىلىققا قالارمەنمۇ-ھە!؟ مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، سۆزلىرىم جىنايەت ھۆججىتى بولۇپ يالغانچىلىق تامغىسى بېسىلىشتىن قورقۇۋاتىمەن. ھەر بىر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسام شەھىد بولالماي، شۇنداق كېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۆلىمەن. ھەر بىر كېسەل خەۋىرى مېنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ، ھەر بىر ئۆتكەن يىللار ئۆمرۈمنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى يۇلۇۋالىدۇ، نۇرغۇن قېرىپ كېتىمەن...

بۇ ھالەت مېنىڭ بىلىشىمچە «ۋىجدان سەكراتى» دېگەن ھالەتتۇر. ئەگەر سۆزلىرىمنى قېنىم بىلەن قۇتقۇزۇۋالمىسام، ئۇ ئۆلىدۇ؛ بۇ تۇيغۇلىرىمنى جېنىمنى بېرىپ يالقۇنجاتمىسام، ئۇ ئۆچۈپ قالىدۇ؛ مۇناپىق ئەمەسلىكىمگە ئىسپات كۆرسىتەلمىسەم، بۇ ماقالىلىرىم ئۆزۈمگە قارشى گۇۋاھچى بولىدۇ. قاندىن باشقىسى ئۇنى ئىشەنچىگە نائىل قىلالمايدۇ. ئەگەر سىلەرگە الله مېنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىم، سۆزلىرىم ياشايدىغان شەھەرگە بېرىشنى نېسىپ قىلىپ قالسا ئۇنىڭ تام-تۈۋرۈكلىرىگە، رەسىملىرىم ئاستىغا «ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ھالدا تېپىش كېرەك» دېگەن جۇمىلەر يېزىلغان تۇتۇش بۇيرۇقى ئېلانى چاپلانغانلىقىنى كۆرسىلەر.

ئى الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقانلار! ئەگەر الله يولىدا مىڭ قېتىم ئۆلتۈرۈلسەڭلارمۇ، الله سىلەرنى شۇ ئۆز يولىدا جەڭ قىلىش مەيدانلىرىغا نېسىپ قىلغانلىق نېمىتىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىپ بولالمايسىلەر. باشقىلارنى مۇيتىلا قىلغانغا گىرىپتار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن الله قا ھەمدۇ-سانا



ئوقۇغىلار. ئەمىلىگىلاردىن الله قا مىننەت قىلىپ قالماڭلار، بەلكى الله سىلەرنى سىلەر تۇرغان نېمەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىگە، سىلەرگە مىننەت قىلىشقا ھەقلىقتۇر. «ياخشى ئەمەلىم مېنى بۇ ئىشقا ئېرىشتۈردى» دەپ قالماڭلار، «ساداقىتىم مېنىڭ يولۇمدىكى توسقۇنلۇقلارنى بېسىپ چۈشتى» دەپ سالماڭلار، بەلكى «الله باشقا نېمەتلىرىگە ئوخشاش مەن بۇنىڭغا لايىق بولمىساممۇ مېنى بۇ نېمەتكە سازاۋەر قىلدى» دەڭلار.

ئوقۇپ كۆرۈپ مېنىڭ يۇقىرىدىكى ھالىمغا كۈلمىگەيسىلەر. الله مېنىڭ سىپسىق كۆرپەمگە سىلەرنى گىرىپتار قىلىپ، ماڭا سىلەرنىڭ ئاپتوماتىڭلارنى بېرىپ قويمىسۇن يەنە!

ئىسىت!... ئىسىت!

ئەبۇ تەيىب مۇتەنەببىنى ئۆزى ئوقۇغان بىر كۇپلېت شېئىر ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىكەن، مېنى شۇنچىۋالا ماقالىلىرىم ئۆلتۈرەلمەسمۇ؟!

ئەينى چاغدا ئۇ جەڭدە مەغلۇپ بولاي دېگەن چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا:

مېنى پەقەت قىلىچ-قالقان، ئات-ئۇلاغ

تونۇيدۇ شۇ دەپتەر-قەلەم، ئوق-ياراغ.

دېگەن سەنمۇ؟ دېگەندە، ئۇ دۈشمەنگە قايتا ئوت ئېچىپ ئاخىرى شۇ جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئۇ الله يولىدا ئەمەس بەلكى «كىشىلەر قورقۇنچاق دېمىسۇن» دەپ شۇنداق قىپتۇ. ئۇنداقتا مېنىڭ يازغانلىرىم مېنى الله يولىدا ئۆلتۈرەلمىسە قانداق بولغىنى؟!

يا سۆزلىرىم، يا مەن ياشايمەن. دۇنيا ئىككىمىزنى تەڭ سىغدۇرالمايدۇ، چوقۇم بىرىمىز ئۆلۈپ يەنە بىرىمىزنى تىرىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئۈمىدىم شۇكى، ئۆلگۈچى مەن بولغايمەن.

ئەزىزىرايى خۇدا! الله يولىدا شەھىد بولۇشتا گۇناھ كەچۈرۈم بولۇش بىلەن سوراقتىن ئامان قېلىشتىن باشقا غەلىبە بولمىغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىقىمنى تەسەددۇق قىلغان بولاتتىم. ئۇنداقتا فىردەۋس جەننىتى بولسىچۇ؟! پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبىتى بولسىچۇ؟! قىيامەتتىكى چوڭ قورقۇنچتىن ئامان قېلىشچۇ؟! ئۆز ئائىلىسىدىن يەتمىش كىشىنى شاپائەت قىلىشچۇ؟!

ئى قېرىنداشلىرىم! بۇ بىچارە يىغا-نالىلىرىمنى توغرا چۈشەنگەيسىلەر. ئۆز ۋاقتىدا ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه نىڭ ئوغلى ئۇمەيرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ «يېشى كىچىك» دەپ قايتۇرۇۋەتكەندە يىغلىغان ئىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ يىغىسىغا ئىچى ئاغرىپ رۇخسەت قىلغان بولۇپ، قېرىندىشى سەئىد: «ئۇ كىچىك بولغانلىقتىن قىلىچىنى ئۇنىڭغا مەن ئېسىپ قويغان» دەيدۇ. ئۇ شۇ قېتىملىق بەدر جېڭىدە 16 يېشىدا شەھىد بولغان ئىكەن.

# ئائىلىۋى رېتسېپلار

## باناننىڭ شىپالىق رولى

كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ئارقىلىق خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەردە دائىم دېگۈدەك كۆزى قۇرغاقلىشىش، قىزىرىپ ئىششىش، ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر كۆپرەك بانان يەپ بەرسە يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى يەڭگىللىتىپلا قالماي، كۆزدىكى ھارغىنلىقنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە پەسەيتكىلى بولىدۇ. بانان روھىي بېسىمنى ئۈنۈملۈك ھالدا يەڭگىللىتىدۇ. غەمكىنلىكنى تۈگىتىپ، ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ.

ئۈخلاشتىن بۇرۇن بانان يېگەندە تىنچلاندۇرۇش رولى بولىدۇ.

بانان ئورۇقلاش ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ تېرە، چاچنىڭ ساغلاملىقىنى ئۈنۈملۈك ھالدا قوغدايدۇ. پۇت - قول تېرىسى يېرىلىشقا قارىتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىنى سىلىق ۋە يۇمشاق قىلىدۇ. باناننىڭ ئۈچەينى سىلىقلاپ چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆپكىنى سىلىقلاپ يۆتەل توختىتىش، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرۇش، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولى بار. ھەممىشە بانان يەپ بەرگەندە مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ (إن شاءالله).

بانان شۆپۈكىدىمۇ بەزى باكتېرىيە ئۆلتۈرىدىغان تەركىبلەر بار. ئەگەر ئادەمنىڭ تېرىسى زەمبۇرۇغ ياكى باكتېرىيە تەرىپىدىن يۇقۇملىنىپ ياللۇغلىنىپ قالسا، شۇ ئورۇنغا بانان شۆپۈكى تېگىپ قويسا ئويلاپ باقمىغان ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ (إن شاءالله).